# دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى ـ قالدۇردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق تۆۋەندىكى باش ئەلچىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى ـ قالدۇردى:

بىرىنچى، سەي رۇننى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پورتۇگالىيە جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

جاۋ بىنتاڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پورتۇگالىيە جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

ئىككىنچى، شۈ بۇنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چىلى جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

نيۇ چىڭباۋنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چىلى جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

### ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تۈرلەرنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ۋە تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى 2 ـ قېتىملىق ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى

## پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇش كېرەك

ئانار بولات\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **شى شىن** خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ 2021 ـ يىللىق نۇقتىلىق تۈرلەرنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ۋە تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى 2 ـ قېتىملىق ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا پۈتۈن يىللىق نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرى خىزمىتى قايتا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، تۈر قۇرۇلۇشلىرىدىكى قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىنىپ، ئۈنۈملۈك سېلىنمىنىڭ ئاچقۇچلۇق رولى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇلۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيىتىنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لىۋ سۇشې يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تۈرلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنىڭ «جان تومۇرى»، شۇڭلاشقا ئىشەنچنى مۇقىملاشتۇرۇش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ «ئاساسىي موتورى»، ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)لەر، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بېكىتكەن نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى زىچ چۆرىدەپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىپ نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار 2021 ـ يىللىق نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى چۆرىدەپ، نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ يېتەكلەش، تۈرتكە بولۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى؛ دىققەتنى ئاچقۇچلۇق ھالقىلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، داۋاملاشما تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە قەدەمدە ئىش باشلاشقا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇپ، زاپاس تۈرلەرنى ئىش باشلىنىدىغان تۈرلەرگە ئايلاندۇرۇشتا ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولۇشى؛ مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تۈر قۇرۇلۇشلىرىدىكى مەسىلىلەرنى چىڭ كۆزلەپ بىر ـ بىرلەپ ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىشقا تۈرتكە بولۇشى؛ كاپالەتنى ھەر تەرەپلىمە ياخشى ئىشلەپ، نۇقتىلىق تۈرلەرنى ئالغا سىلجىتىدىغان خىزمەت بىرىكمە كۈچى شەكىللەندۈرۈپ، نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىدا يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

### □پومپېيونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

## شىنجاڭ خەلقىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشى مول، رەڭدار

**□ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى جانار ئاقان**

پومپېيو شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەردە دۆلىتىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت سىياسىتىگە كۆپ قېتىم بوھتان چاپلاپ، مىللىي ئارازلىق پەيدا قىلىش، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىشتا تەلۋىلەرچە ئورۇندى، ئۇنىڭ رەزىل غەرىزى تولۇق ئاشكارىلاندى.

مەن ئۇزاق مۇددەت مەدەنىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش خىزمىتىگە ئەزەلدىن يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قانۇنى» «دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ۋارىسلىرىنى بېكىتىش ۋە باشقۇرۇش چارىسى» ھەمدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش نىزامى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنى قوغداش نىزامى» قاتارلىقلارنى ئېلان قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنى قوغداشنى ئىلمىي، سىستېمىلىق تۈزۈم كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى. ھازىر، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدا دۇنياۋى تەبىئىي مىراس جايىدىن ئىككىسى، دۆلەت دەرىجىلىك تارىخىي مەدەنىيەت مەشھۇر شەھىرىدىن ئىككىسى بار؛ دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرىدىن 20سى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرىدىن 62سى، ئاپتونوم ئوبلاست دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرىدىن 127سى بار؛ دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋارىسىدىن 17 كىشى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋارىسىدىن 45 كىشى، ئاپتونوم ئوبلاست دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋارىسىدىن 232 كىشى بار؛ دۆلەتنىڭ ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش مۇندەرىجىسىگە كىرگۈزۈلگەن تۈردىن ئىككىسى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەت ئېكولوگىيە تەجرىبە رايونىدىن ئىككىسى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش بازىسىدىن 12سى، ئاپتونوم ئوبلاست دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش بازىسىدىن 17سى بار.

ئىلى ئوبلاستىنىڭ ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمەت سىستېمىسى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى، ھازىر ئاممىۋى كۇتۇپخانىدىن 11ى، مەدەنىيەت سارىيىدىن 11ى، مۇزېي (خاتىرە سارىيى)دىن ئونى، يېزا ـ بازار (كوچا باشقارمىسى) ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت پونكىتىدىن 115ى، كەنت (مەھەللە) ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت مۇلازىمەت مەركىزىدىن 951ى، مەدەنىيەت پىدائىيلىرى قوشۇنىدىن 328ى، مەدەنىيەت پىدائىيسىدىن 7094كىشى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەت كەسپىي بازىسىدىن 12سى بار بولۇپ، ئوبلاست، ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىكنى قاپلىغان ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمەت تورى شەكىللەندى. بايرامنى تەبرىكلەش مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى قەرەللىك ئۆتكۈزۈلدى، «مەشرەپ» «ئاقىنلار ئايتىسى» قاتارلىق خاس مەدەنىيەت كۆرسلۇق پائالىيەتلىرى بەرپا قىلىندى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرى دائىملىق قانات يايدۇرۇلدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشى مول، رەڭدار بولدى.

يالغان ـ ياۋىداق سۆز پاكىت ئالدىدا بىر پەشۋاغىمۇ يارىمايدۇ، پومپېيو، ئەمدى يەنە يوق يەردىن پۇتاق چىقارما، ھەق ـ ناھەقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلما.

## ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق بىزنىڭ بەختىمىز

**□نىيە ناھىيەسى نىيە بازىرى لەمپە كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مەمتىمىن ساۋۇر**

كەنتىمىز چەت، يىراق بولغاچقا، ئىلگىرى ئىقتىساد تەرەققىي قىلمىغانىدى، پەقەت يەر تېرىشقا تايىنىپ تۇرمۇشىمىزنى قامدايتتۇق، داۋالىنىش شارائىتىمۇ بىر قەدەر قالاق ئىدى، ئېغىر كېسەل بولۇپ قالساق 300 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى خوتەن ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا بېرىپ داۋالىناتتۇق. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كەنتىمىزدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. ئەسلىدىكى توپا يول، شېغىل يول ئاسفالت يولغا ئۆزگەردى؛ ھەممە ئائىلە ئازادە، يورۇق ئەمەن ئۆيلەردە ئولتۇردى؛ باللار كەنتتىلا مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، ھەر كۈنى يەنە ھەقسىز ئوزۇقلۇق تامىقى بار؛ كەنتتە ئۆلچەملىك داۋالاش ئۆيى قۇرۇلۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كېسەل كۆرسىتىشى بارغانسېرى قولايلاشتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى كەلگەندىن كېيىن، كەنتىمىزنىڭ تەرەققىيات ئورنىنى توغرا تېپىشىغا ياردەم بەردى: كەنتنىڭ ناھىيە بازىرىغا يېقىن بولۇشتەك ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىزگە ياردەم قىلىپ، كەنتتىكى بىكار تۇرغان 43 مو كوللېكتىپ يېرىدىن پايدىلىنىپ يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ئاپتوموبىل توختىتىش، ئامباردا ساقلاش ۋە تىجارەت بىر گەۋدە قىلىنغان ئۇنىۋېرسال بازار قۇرۇپ بەردى. بۇ بازار بارغانسېرى ئاۋاتلاشتى، كەنت ئاھالىلىرى بۇ يەردە تىجارەت قىلىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارقىلىق تۇرمۇشىنى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىدى. ھازىر كەنتىمىز بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ قۇرۇلۇش قىلىپ، تەرەققىياتنى كۆزلىدى، كۆپچىلىكنىڭ يانچۇقىدىمۇ پۇل بار بولدى. مەنمۇ بىر ھۆل ـ قۇرۇق مېۋە پارچە سېتىش دۇكىنى ئېچىۋالدىم، سودام ناھايىتى ياخشى.

ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق بىزنىڭ بەختىمىز، بىز ھەممىمىز تەستە قولغا كەلگەن بۇ ياخشى كۈنلەرنى قەدىرلەيمىز. پومپېيو، تۇرمۇشىمىزنىڭ ياخشى ياكى ياخشى ئەمەسلىكىدە، پاكىت مانا مەن دەپ تۇرۇپتۇ، سەن قانداق ئىغۋا توقۇپ تۆھمەت قىلىشىڭدىن قەتئىينەزەر، بىزنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلالمايسەن.

(بېشى 3 ـ بەتتە)

ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ غەلبىسى كۆز ئالدىمىزدا، زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇساپىسىدە «سۈرئەت تېزلىتىلىپ»، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدە ئالغا قاراپ چوڭ بىر قەدەم تاشلاندى. باش شۇجى شى جىنپىڭ ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، تەدبىر بەلگىلەش ئىقتىدارى، ھەرىكەت ئىقتىدارى ھەل قىلغۇچ رولغا ئىگە بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى تولۇق نامايان قىلىندى. بىز پارتىيەنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، داھىيمىزنىڭ دانالىقىنى، ۋەتىنىمىزنىڭ قۇدرەتلىكلىكىنى، يولىمىزنىڭ توغرىلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراما لايىھەسىدە پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى مۇجەسسەملىنىپ، مەۋقە يېڭى باسقۇچقا، يېڭى ئىدىيەنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا، يېڭى ئەندىزە بەرپا قىلىشقا قويۇلۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بېرىلدى، ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈلدى. پروگراما لايىھەسىنى ئىلمىي تۈزۈش ۋە ياخشى يولغا قويۇشنىڭ پۇرسىتى ئالاھىدە، ئەھمىيىتى مۇھىم، زور، تەسىرى چوڭقۇر، ئۇزاق. شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا خەلقچىللىق ئېڭىنى كۈچەيتىپ، مەۋقەنى ئىش ئورنىغا قويۇپ خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشقا ئۆزىنى بېغىشلايدىغان، يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشتا جان تىكىپ ئىلگىرىلەيدىغان، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىدىغان چىدامچان كالا روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، قەلبكە ئىرادە پۈكۈپ ئۆز نىشانىغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، پەيتنى قولدىن بەرمەي ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، كۆتۈرەڭگۈ قىياپەتتە جاسارەت بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

ۋەكىل شۆھرەت زاكىر مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى تامامەن قۇۋۋەتلەيمەن. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، بولۇپمۇ ئۆتكەن بىر يىلدا شىنجاڭ خىزمىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش داۋامىدا ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىدى. بۇ يىل پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى، «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى يولغا قويۇشتىكى ئىشنى باشلاش، قەدەم ئېلىش يىلى، بۇ يىللىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇساپىسىنى ئالغا سىلجىتىشتا ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «ئىككى چوڭ ۋەزىيەت»نى كۆزلەپ، قەلبكە «دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى»نى پۈكۈپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا پۇختا تۈرتكە بولۇپ، خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتىنى ھەقىقىي ئاشۇرۇپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئەستايىدىل ياخشى ئورۇنداش كېرەك.

ۋەكىل شەۋكەت ئىمىن مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى تامامەن قۇۋۋەتلەيمەن. «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا يېڭى تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭدا يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى تولۇق نامايان قىلىندى، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى نامايان قىلىندى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكى نامايان قىلىندى. بۇ يىل پارتىيەمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى، «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان يولغا قويۇلغان، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى باشلانغان تۇنجى يىل. باشلىنىش پۈتۈن ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك، قەدەم ئېلىش پۈتۈن جەرياننى بەلگىلەيدۇ، بۇ يىلقى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئەھمىيىتى مۇھىم، زور. شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قانۇن بويىچە مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، نىزام چىقىرىش خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، ۋەكىللەر خىزمىتىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئۆز قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، «14 ـ بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن شى داگاڭ، پېڭ جيارۇي، غانىبات سابۇكەي، جۇ خەيلۇن، زۇمرەت ئوبۇل، مۇقىيات جارمۇقاممەت، ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز، دىلشات قىدىرقان قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزاسى نۇرلان ئەبىلمەجىن گۇرۇپپىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشتى.

ئەزالار مۇنداق قارىدى: دائىمىي كومىتېت خىزمەت دوكلاتىنىڭ باش تېمىسى روشەن، مۇھىم نۇقتىسى گەۋدىلىك بولۇپ، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈلۈپتۇ، بىر يىلدىن بۇيانقى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىپ، راستچىل ـ ئەمەلىيەتچىل بولۇپ قولغا كەلتۈرگەن نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش، ئەمەلىيەتتە يېڭىلىق يارىتىش ۋە تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش مول نەتىجىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك نامايان قىلىنىپتۇ، ھەربىر سۆز ـ جۈملىسى «ئىككى چوڭ ۋەزىيەت»نى كۆڭلىگە پۈكۈش، «دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى»غا مۇلازىمەت قىلىشتەك بۇرچ ـ مەسئۇلىيەتكە تويۇنغان بولۇپ، كىشىگە ئىلھام بېغىشلايدۇ، كىشىگە ئىشەنچ بېغىشلايدۇ، كىشىگە كۈچ بېغىشلايدۇ.

««كىتابخۇمار سىياسىي كېڭەش› ئارقىلىق ‹كىتابخۇمار جەمئىيەت› قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش» «ئالاھىدە يىلدا ئالاھىدە ‹ئەزالار تاپشۇرۇقى›نى ئىشلەش» «يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش شارائىتىدا مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش پائالىيىتىنى بوشاشتۇرماسلىق، قالايمىقان قىلماسلىق، ئۈزۈپ قويماسلىق»...

ئەزالار مۇنداق قارىدى: دوكلاتنىڭ تىلى جانلىق بولۇپ، سۆز ـ جۈملىلىرىدە ئەمەلىي ئىشلەپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش شەرھلىنىپ، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش نەتىجە ـ ئۈنۈمى ھەقىقىي خاتىرىلىنىپ، كۆپچىلىكنىڭ خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ فۇنكسىيەلىك ئورنىغا بولغان چۈشەنچىسى ۋە ئىگىلىشى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپتۇ، كېڭىشىش ئارقىلىق قەلب ئۈنۈملۈك مۇجەسسەملىنىپ، قەلبنى مۇجەسسەملەش ئارقىلىق كۈچنى ئۇيۇشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپتۇ.

ئەزالار مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «14 ـ بەش يىل»نى باشلاش، يېڭى مۇساپىگە جاسارەت بىلەن ئاتلىنىشتا، بىز «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىمىز، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارىمىز، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئاڭلىق ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىمىزنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنىڭ ياخشى تەجرىبىلىرى، ياخشى ئۇسۇللىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، خىزمەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىمىز. دوكلاتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «بۈيۈك ئىتتىپاقلىق، بۈيۈك بىرلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى نىشان قىلىپ، كۈچەپ ئەقىل ـ پاراسەت، كۈچنى مۇجەسسەملەش» تەلىپىگە ئاساسەن، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، كۈچەپ «سىڭدۈرۈش» «كېڭەيتىش» «يېتەكلەش»كە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشنى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشتىكى تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى ھەقىقىي تۈردە ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرىمىز.

ئەزالار مۇنداق بىلدۈردى: خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئىشلىرىنى ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئەزالارنىڭ مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىمىزنى كۈچەيتىپ، سىياسىي ئىگىلەش ئىقتىدارىمىز، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىقتىدارىمىز، ئاممىا بىلەن ئالاقىلىشىش ئىقتىدارىمىز، ھەمكارلىشىپ ئورتاق ئىشلەش ئىقتىدارىمىزنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى قەلبكە پۈكۈپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشنى ھەرىكىتىمىزدە كۆرسىتىپ، «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى يولغا قويۇشقا مۇلازىمەت قىلىشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش ئىرادىسى، خەلقچىل قەلب ۋە مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى تېخىمۇ ياخشى بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى مۇساپىدە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ يېڭى مەسئۇلىيەتچانلىقىنى نامايان قىلىپ، يېڭى دەۋردە قاينام ـ تاشقىنلىققا تولغان يېڭى سەھىپىنى داۋاملىق پۈتىمىز.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرىدىن پېڭ يۇڭ، دۇڭ شىنگۇاڭ، لىيۇ جيەنشىن، ۋەن خەيچۈەن، كۇڭ شىگلۇڭ، غەيرەت ئۆمەر، مۇتەللىپ قاسىم، ماغاۋ سېيىتقامزا، ھۆرگۈل جاپپار قاتارلىقلار قاراپ چىقىشقا قاتناشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى خۇخېيۈەن شىمالىي يولى 500 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5593341، تارقىتىش مەركىزى: 5593062، پوچتا نومۇرى: 830028. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن